# تۇركىيەدىكى جۇڭگولۇق قازاقلار

لى دېخۇا

تۇركىيەدە تەخمىنەن 9000 دىن 10000 غىچە جۇڭگولۇق قازاق بار. ئۇلارنىڭ ئەسلى ماكانى شىنجاڭنىڭ ئالتاي، بارىكۆل، مورى، ماناس قاتارلىق جايلىرى ئىدى. 30-ۋە 40 - يىللاردا ئۇلار باشقا نۇرغۇنلىغان قازاق ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىكتە تۇركۈملەپ گەنسۇغا ۋە چىڭخەينىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ بارغان. 1949 - 1951- يىللىرى قازاق قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن ئېرىسقان، خۇسايىن، سۇلتان شارىپ، دەلىلقان، قالىبېك ۋە قامزا قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقى ۋە قورقۇتمىشى ئارقىسىدا ئىلگىرى - كېيىن شىزاڭ ئارقىلىق ھىندىستان، پاكىستانلارغا بارغان، 50 يىللارنىڭ باشلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن تۈركىيەگە كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ماقالىمىزدە مۇشۇ تارىخىي جەريان ئارقىلىق قازاقلارنىڭ مەملىكىتىمىزدىن چىقىپ تۈركىيەگە بېرىپ قېلىشىغا ئالاقىدار بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مىللىي ۋە دىنىي سەۋەبلەر بايان قىلىنىدۇ. ئەھۋال مۇرەككەپ، ماتېرىيال كەمچىل بولغانلىقتىن، ماقالىمىزدا چۈشۈپ قالغان ياكى خاتا كەتكەن جايلارنىڭ بولۇشى چوقۇم. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە كەسپداشلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى سورايمەن.

بىزگە مەلۇم، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەتتىن بىرى سانالغان قازاقلار ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللەت. 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخىي جەرياندا، قازاقلارنىڭ نۇرغۇن قەبىلە، قەۋملىرى ئىلى دەرياسىنىڭ ۋادىلىرىدا، چۇ دەرياسى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشاپ، كۆپىيىپ، راۋاجلىنىپ، تەدرىجىي قوشۇلۇپ بۈگۈنكى مىللەت ھالىتىگە كەلگەن. XVIII ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن باشلاپ بىرقىسىم قازاقلار ئارقا - ئارقىدىن ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي رايونلىرىغا بېرىپ، چارۋا بېقىشقا كىرىشىدۇ. XIX - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن باشلاپ چار روسىيە ھاكىمىيىتى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى بىر قاتار تەڭسىز شەرتنامىلەرنى تۈزۈشكە مەجبۇرلاپ، ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئۇزۇن مەزگىل ئولتۇرۇپ ئاسىيادا ياشاپ كېلىۋاتقان قازاق مىللىتىنى زورلۇق بىلەن چار روسىيە دائىرىسىگە قوشۇۋالىدۇ. ئۇلار چار روسىيىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئېزىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن قايتىلاپ ئىچكى جايلارغا كۆچۈپ كېلىدۇ. ئالتايغا كەلگەن بىر قىسىم قازاقلار بىلەن يەرلىك بىر قىسىم قازاقلار بىرىكىپ بىر گەۋدە بولىدۇ. قازاق مىللىتى قەبىلە بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دېگەن ئۈچ جۈزگە بۆلۈنىدۇ؛ ئالتايدىكى قازاقلار ئوتتۇرا جۈزگە مەنسۇپ؛

قەبلە بويىچە ئالغاندا، ئالتايدىكى قازاقلارنىڭ كۆپچىلىكى كېرەي، قالغان ئاز قىسمى نايمان قەبىلىسىگە مەنسۇپ.

(1)

قازاق چارۋىچىلارنىڭ دەسلەپ گەنسۇغا كۆچۈپ بارغان ۋاقتىنى 1919 ـ يىلىغا سۈرۈش مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئاز ساندىكى قازاقلار گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ بارغان. «جۇڭخۇا مىنگونىڭ 8 ـ يىلى ساۋۇتباي (باركۆللۇك) سودىگەرلەرنىڭ مىلى يۈكلەنگەن تۆگىلەرنى يېتىلەپ پات ـ پات گەنسۇغا كېلىدۇ، ئۇئاستا ـ ئاستا خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىدۇ، خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. بىر قېتىم قايتىشىدا تۆگىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كېسەل تېگىپ ئۆلۈپ كېتىپ، يۇرتىغا كېتەلمەي يۇمېن نىڭ جەنۇبىدىكى يۈ ئېرخۇندا تۇرۇپ قالىدۇ. يۈئېرخۇن يېرى كەڭ، سۈيى مول، ئوت ـ چۆپى مول، ئات ـ تۆگىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە، كالا ـ قويلارنىڭ سەمرىشىگە قۇلاي جاي بولغاچقا، ساۋۇتبايدا ماكانلىشىپ قېلىش ئويى تۇغۇلۇپ، ئىنىسى سىيىتنى يۇرتىغا ئەۋەتىپ بالا ـ چاقىسى بىلەن بىللە سەككىز ئۆيلۈك ئادەمنى ئەكەلدۈردۇ» [2]. يۈئېرخۇندا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۆپلىگەن خۇيزۇلارنىڭ بولغانلىقىمۇ قازاقلارنىڭ كۆچۈپ بېرىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب. روشەنكى، بۇ قېتىمقى كۆچۈش تامامەن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولغان. قازاقلارنىڭ كۆپلەپ ئەرقىقە كۆچۈپ گەنسۇغا كىرىشى 30 ـ يىللاردىكى ۋەقە. گەرچە بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەينىڭ تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقى بىلەن دەھشەتلىك ئېزىشى ۋەقەنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر.

1933 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ شېڭ شىسەي ماكىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ دۇبەنى بولۇۋالىدۇ، شۇ يىلى يازدىن تارتىپ 1934 ـ يىلغىچە بولغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قارشى پىكىردىكىلەرنى تازىلايدۇ. ئۇ «12 ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىنى قوزغىغان «ئۈچ باتۇر» [3] نى قولغا ئالىدۇ، خۇاڭ مۇسۇڭ، لۇۋ ھىنگەن باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنغان كۈچلىرىنى سىقىپ چىقىرىدۇ. شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ باشلىقى جىڭ رۇنچېڭنى [4] ئۆلتۈرىدۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ليۇ ۋېنلۇڭنى ئەزۋەبەنت قىلىدۇ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى ۋە بىرونىۋېك قىسىملىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان ئېلىدىكى ...

رۇش قىسمىنىڭ باشلىقى جاڭ پېيپىۋەننى مەغلۇپ قىلىدۇ، ئىككىنچىلەپ شىنجاڭغا كىرگەن ماجۇڭيىڭنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. شىنجاڭدا ئەمدىلا پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتقان شېڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن «ئىقتىسادنى چىڭىتىپ، مەدەنىيەتنى ياخشىلاش، مائارىپنى گۈللەندۈرۈش، قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش» بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدۇ. ئاتالمىش «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى تۈرمىگە تاشلاپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئۈششۈك ھەرىدەك چاقتى، ھەممە كىشى ئۆز بېشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى، ئەلدە ئەمىنلىك قالمىدى. 1933 - يىلى ئالتايدىكى ئۇرۇش ئوتى ئۆچمەيلا، «قىش پەسلىدە قاتتىق قار يېغىپ، ناھايىتى كۆپ چارۋا توڭلاپ ئۆلدى، خەلق ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى ...» ⑤ ئىككىنچى يىلى گۈزدە، شېڭ شىسەي ھەربىي جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ماموت، ماخۇسەنلەرنى تازىلاش ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى يولۋاسنىڭ كۈچىنى قورشىتىش ئۈچۈن تەييارلىققا كىرىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى مالىكوۋ (سوۋېتلىك) نى ئالتايغا موڭغۇل - قازاق قىسىملىرىنى تەشكىللەپ چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىنى ⑥ قۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ ھەمدە يەرلىك باج ئىدارىسىنى تەسىس قىلىدۇ. 1935 - يىلى شېڭ شىسەي «قازاقلاردىن ئەسكەر ئېلىش، قازاق خەلقىنىڭ مىلتىقىنى يىغىۋېلىش» نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ⑦. ئۇ چاغدا، مىلتىق قازاق خەلقىنىڭ ئۆزىنى قوغداش، چارۋىنى ساقلاش ھەم ئوۋ قىلىش قاتارلىق ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، ئۇلار مىلتىقىنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ھاياتى دەپ قاراپ، قورال تاپشۇرۇشنى ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغانلىق دەپ تونۇيتتى. بۇ ئىش چارۋىچىلارغا ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە شەكىللەنگەن كۆپ يىللىق بىر قەدەر خاتىرجەم تۇرمۇش بۇزۇلدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئالتايدىكى قازاق قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە چارۋىدارلارنىڭ قوزغىتىشىمۇ بىر سەۋەب بولىدۇ. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، يۈەن شىكەي ئالتايدىكى قازاقلاردىن كېرەي قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەيلىننى ئىنالچى ۋاڭ قىلىپ تىكلىگەن ئىدى. شېڭ شىسەي دەۋرىگە كەلگەندە، ئەيلىن ۋاڭنىڭ ئىنىسى شەرىپقان ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى ھەم ھەربىي گارنىزونىنىڭ سىلىڭى بولىدۇ. نەتىجىدە كېرەي قەبىلىسىنىڭ كۈچى ئۆلغىيىدۇ. بۇ ھال كۈچسىز ئاجىزراق نايمان قەبىلىسىنىڭ باشلىقىنى قورقىتىدۇ ۋە نارازى قىلىدۇ. 1934 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالتاي ۋىلايىتىدە مەكتەپ ئېچىش، گېزىت چىقىرىش، يايلاقلارنى ياخشىلاش ۋە چارۋىلارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى پەيدىنپەي يولغا قويىدۇ. بۇ تەدبىرلەر ئەسلىدە چارۋىچىلار-

نىڭ قارشى ئېلىشىغا تېگىشلىك ئىدى، ئەمما، يەرلىك قەبىلە باشلىقلىرى مۇشۇ سەۋەبتىن فېئودال ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، قەبىلىنىڭ نارەنىپەتىنى كۆزلەپ. ئىسلاھاتقا قارشى تۇردۇ، بارلىق ئىسلاھاتنى شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت پەرەس سىياسىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراپ، چارۋىچىلارنى ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشقا. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشقا قۇتىرىتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن چارۋىچىلار بۇ خىل تەشۋىقاتتا ناھايىتى يامان رول ئوينايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى 30 ـ يىللاردىن باشلاپلا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋىدارلارنى، باي چارۋىچىلارنى يوقىتىش ھەرىكىتىنى يولغا قويغان ئىدى. ھەرىكەت جەريانىدا ھەقىقەتەن كېڭەيتىۋېتىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلگەچكە. كۆپلىگەن چارۋىدارلار ئۆزقەۋمىنى قورقىتىپ ئالتايغا ئېلىپ كەلگەن. بۇ ۋەقە يەرلىك قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش، ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىش كەيپىياتىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىدا نوت قۇيرۇقلۇق رولىنى ئوينىدى. ئۇلار سوۋېتلىك قېرىنداشلىرىدىن كەلگەن بىر نەرپلىمە تەشۋىقاتقا ئىشىنىپ، ئالتاي رايونىمۇ بەربىر ئاشۇ خىل تەقدىرگە ئۇچرايدۇ . دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، شېڭ شىسەينىڭ قەبىھ ھۆكۈمرانلىقىمۇ قازاقلارنىڭ كۆپلەپ گەنسۇغا كۆچۈپ بېرىشىغا سەۋەبچى بولغان.

بىرىنچى تۈركۈم كۆچمەنلەر 1936 ـ يىلى گەنسۇ تەۋەسىگە كىرگەن. 1935 ـ يىلى 60 ياشتىكى ئۆكىرتاي ئادىر بايلار كۆپچىلىكنى باشلاپ بەيتىك تاغلىرى ئارقىلىق بارىكۆل ئايلىقىغا ئۆتۈپ. گەنسۇغا بارماقچى بولغان. قۇمۇلدىكى يولۋاس شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى قازاق مىللىتىگە قارشى دېگەندەك نۇرغۇن تەتۈر تەشۋىق تارقىتىۋەتكەن. شېڭ شىسەي ئەھۋالنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يولۋاسنىڭ گومىنداڭ بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ بۆلۈنمە ھاكىمىيىتىگە خەۋپ يەتكۈزۈشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنى ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ نەسىھەت قىلىپ توسىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ نەزىرىدە، شەرقىي ئالتاي ۋە قۇمۇل رايونىدىكى قازاقلارنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ تىنچ بولۇش ـ بولماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇ يىلى كۈزدە مورى. بارىكۆللەردە ۋاقىتلىق بازار ئېچىلدى، «يەۋشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى» نىڭ مۇدىرى بۇرھان شەھىدىنىڭ باشچىلىقىدا تاۋار مال مازىرلاپ چارۋىچىلار بىلەن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق قازاقلارنى خاتىرجەم قىلىپ. بولۋاسقا پەشۋا بەرمەكچى بولغان ئىدى ⑪، نەتىجە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. ئادىرباي 113 ئائىلە. 565 ئاھالە نى باشلاپ 1936 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنجاڭ ـ كۆكنۇر تاشيولىنى بويلاپ مازۇڭتەن تاغلىرى ئارقىلىق گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ باردى. كېيىنرەك ئادىر باي ئەشۇ قېتىملىق كۆچۈشنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق

بايان قىلىدۇ: «بىرىنچى، شېڭ دۇبەن يېڭى سىياسەتنى يولغا قويۇپ مەكتەپ ئاچتى، ئەسكەر تۇتتى، ئالۋاڭ ـ ياساقنى كۆپەيتىپ، چىدىغۇسىز ئازاب سالدى.» ئىككىنچى، «ئۆز ۋاقتىدا قازاقلار ماجۇڭيىڭ، يولۋاسلار بىلەن ئالاقە قىلغان، ئۇرۇمچى تەرەپ قازاقلارنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ، دېگەن گەپ تارقالدى، ئاپەتتىن قېچىپ شەرققە كۆچتۇق» [12].

ئىككىنچى تۈركۈم كۆچمەنلەر 1937 ـ يىل 7 ـ ئايدا گەنسۇغا بارغان. 1936 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شېڭ شىسەي ھەر قايسى جايلاردىكى ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ (باۋ ئەنجۈي) نىڭ خەلق ئارىسىدا ئۇقۇشۇلماسلىق تۇغدۇرۇپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى (گۇڭئەنجۈي) قىلىپ ئۆزگەرتتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى پايلاقچىلىق ئىدى. ئۇلار باشتا گەرچە ئوچۇق ـ ئاشكارا تۇتقۇن قىلالمىسىمۇ، لېكىن مەخپىي ئادەم تۇتۇش بولۇپ تۇردى، بۇ ھال قازاق چارۋىچىلارنى ئەندىشىگە سالدى. قۇمۇل ۋەقەسى تۈپەيلىدىن يولۋاس كۇلىغا كىرىۋالدى، ئادىر باينىڭ جىيەنى ئىبرىسقان (ئۇ بۇ چاغدا ئالىقاچان ئاتا ھوقۇقىغا ۋارىس بولغان) قۇمۇل ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋىتى بولغاچقا قاتتىق بىئارام بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە 83 نەپەر قازاق ئۆلتۈرۈلگەن. «ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىر باي خۇپىيە ھالدا قۇمۇلغا ئەۋەتكەن ئادەم گەنسۇغا كۆچۈشنىڭ پايدىسىنى سۆزلىگەن» [13] ئۇ يەردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بار ئىدى. شۇڭلاشقا، ئاتچىباي 179 ئائىلە، 890 ئاھالىنى [14] باشلاپ، بىرىنچى تۈركۈمدە كۆچكەنلەرنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ گەنسۇغا يېتىپ باردۇ.

ئۈچىنچى تۈركۈم كۆچمەنلەر 1937 ـ يىل 9 ـ ئايدا گەنسۇغا بارغان. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، «سوۋېتپەرەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» ئويدۇرۇپ چىقىرىلىپ، قۇمۇلدا تۇتقۇن باشلىنىدۇ، باركۆلدىكى قازاق چارۋىچىلار دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، شەرققە قاراپ قېچىشقا باشلايدۇ [15]. بۇ قېتىمقى قاچ ـ قاچنىڭ باشلىقلىرى كۆپ بولۇپ، زايىپ (70 نەچچە ياش) قاتارلىق بەش كىشىنىڭ باشلامچىلىقىدا جەمئىي 505 ئائىلە، 2570 ئاھالە كۆچتى [16].

تۆتىنچى تۈركۈم كۆچمەنلەر 1939 ـ يىل 1، ـ 2 ـ ئايلاردا گەنسۇغا بارغان. شېڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئالتايدا «تالىلاش خىزمىتى» نى يولغا قويىدۇ. شېڭ شىسەي ئىشپىيونلىرىنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ، نىيىتى يامان، قىلمىشى قەبىھ ـ ساختا بولغاچقا، چارۋىچىلارغا زورلۇق زومبۇلۇق قىلىپ ئۇلارنى ئالاقىزادە قىلىپ قويىدۇ. ئارقىدىن كېرەي قەبىلىسىنىڭ دىنىي ئاقساقىلى مانكەينى قولغا ئالىدۇ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى قازاقلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى

ۋە زىيالىيلىرىدىن 30 نەچچە كىشىنى تۇتۇپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، ئۇلارغا: يالپۇن باسقۇنچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن، ياپونپەرەس ئىت، تروتسكىيچى باندىت، خائىن، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈرۈشىغا دوستاتقۇچى، قاماقتىكىلەرنى قۇتۇلدۇرۇشقا تىناشقۇچى دېگەنگە ئوخشاش بەدناملارنى چاپلايدۇ. بۇ ئىش قازاقلار ئىچىدە ئىنتايىن چوڭ تەسىر قوزغايدۇ. قازاقلار ياشاش ھوقۇقىنىڭ قولدىن كېتىشىدىن، دىنىنىڭ يوقۇلىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنە بىر تەرەپتىن گەنسۇنىڭ شارائىتىنىڭ ياخشىلىقىنى ئاڭلاپ، قېچىشقا قۇربى يېتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى يەنە قېچىشقا باشلايدۇ. بۇ قېتىمقى كۆچۈشكە باشلامچىلىق قىلغانلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى خۇسايىن (ئۇ ئىلگىرى چۆچەكتە ئولتۇرغان، ئۇنىڭ ئاتىسى گۇچۇڭدىكى چارۋىچىلارنىڭ شاگىيوسى بولغان: خۇسايىن 20 ياشتا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا شاگىيۇ بولغان. ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كىرگەندە، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قازاق يىگىتلىرىنىڭ يىغجاڭلىقىغا تەيىنلىنىپ ئەسكەر باشلاپ تۇرپانغا بارغان، 1934 - يىلى تەيجى بولغان). يەنە سۇلتان شەرىپ قاتارلىق توققۇز كىشى باش بولغان. بۇ قېتىمقى كۆچمەنلەرنىڭ سانى كۆپ، تەسىر دائىرىسى كەڭ بولغان. مەملىكەت ئىچىدىكى زاتلارمۇ قازاقلارنىڭ گەنسۇغا قېچىپ بېرىشىغا قارىتا كۆپلەپ پىكىر قىلغان: شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى «ئالۋان - ياساقنى ئېغىر سېلىپ خەلقنى ئەزدى». «ئاجىز مىللەتلەرنى بوزەك ئەتتى ....» دەپ ئەيىبلىگەن، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان خىزمەت»[1] دەپ مۇراجىئەت قىلغان. ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ، ئىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، زورلۇقتا ئادەتلەنگەن شېڭ شىسەي ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشقا سالىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوماندا تۇرۇشلۇق «قىزىل 8 - پولك» نىڭ ئايروپىلان، بىرونېۋىكلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى قوغلايدۇ ۋە توسىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، قازاق چارۋىچىلارنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە، بۇ قېتىم گەنسۇغا ئاران 1531 ئائىلە، 7655 ئادەم يېتىپ بارالايدۇ. كۆچۈشتە ھەممە ئائىلىدە ئۆلۈم - يېتىم، ئاغرىق سىلاق كۆرۈلىدۇ. ئۇلار گەنسۇغا بارغاندىن كېيىن، شارائىتنىڭ ئىلگىرى ئاڭلىغىنىدەك ئەۋزەل ئەمەسلىكىنى، يەرلىك ئاھالىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بەك ناماراتلىقىنى كۆرۈپ، يىغا - زارى قىلىشىدۇ، غەزەپ - نەپرىتى پەلەككە يېتىدۇ.

قازاق چارۋىچىلار دەسلەپ ئەنسى، يۇمىن، دۇنخۇاڭلاردا چارۋا باقتى، كېيىنرەك چىلەنشەن تاغلىق رايونىنىڭ جىيۇچۇەن، گاۋتەي، جاڭيې قاتارلىق ناھىيىلىرىگە يۆتكىلىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، مىڭبىر جاپا-مۇشەققەت چېكىپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كالا، قوي، تۆگىلىرىنى ھەيدەپ پانا ئىزدىدى، كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈكتىن قىسىلىپ نائىلاج قالغاندا، قىسمەن چارۋىچىلار يەرلىك ئاھالىنى ئانچە-مۇنچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ قويغاچقا، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن پات-پات توقۇنۇشۇپمۇ تۇرغان. بەزى يەرلىك ئاھالىلەر بۇ خىل بۇلاڭ-تالاڭنى كۆپتۈرۈپ، بىر تەرەپلىمە تەشۋىق قىلغاچقا، «يەرلىك خەلقتە بىر خىل زىيادە سېزىم تۇغۇلۇپ، قازاق دېگەن ئاتنى ئاڭلىسىلا، خۇددى ئوقيادىن ئۈركىگەن قۇشتەك چۆچۈيدىغان تۈيغۇ پەيدا بولدى.» ⑳ 1937-يىلى كۈزدە يەرلىك تەرتىپنى ساقلاش ئۈچۈن، گەنسۇنى سوراۋاتقان خېي ياۋزۇ قازاق خەلقىنى باشقۇرۇش مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئازدۇر-كۆپتۈر ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشكە باشلىدى. ئەمما ئادەم كۆپ، ئولتۇراقلىشىش تارقاق، ماددىي بويۇم ئاز بولغاچقا، ياردەم ھېچنىمىگە دال بولمىدى. شۇ چاغدا، گوشۇنەنمۇ قازاق خەلقىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قوشۇمچە ئۆز ئۈستىگە ئالغاچقا، ئۇ ئىرىسقان بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئۇنى باش تەيجىلىككە، ئادىر باينى تەيجىلىككە بەلگىلىدى (بۇ ھال ئادىر باينىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى) ھەمدە «يۇئېرخۇك ئەتراپىدىكى تەخمىنەن ئىككى مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى ئوتلاقنى، يەنى جەنۇبىي قارلىق چىڭخەي تاغلىرىغا تۇتىشىدىغان، شىمالىي چېيجىن جىلغىسىغا تۇتىشىدىغان، غەربىي چاڭماغا تۇتىشىدىغان، شەرقىي لەنجۇ، گاۋتەيلەرگە تۇتىشىدىغان، خەنزۇلار رايونىدىن بىرەر يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى جاينى ئۇلارنىڭ پادا بېقىشىغا بۆلۈپ بەردى.» ㉑ بۇنىڭ بىلەن زىددىيەت بىر ئاز پەسەيدى. لېكىن ئۇلار شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچراپ، تۇرمۇشى كاپالەتسىز قالدى. نەتىجىدە بۇلاڭ-تالاڭ يولى ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇردى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ باستۇرۇشمۇ ئۈزۈلۈكسىز بولۇپ تۇردى. ئۇلار لەنجۇ، ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ بۇلاڭچى، باندىت ئەمەسلىكىنى، شىڭ شىسەينىڭ بېسىمىدىن قېچىپ چىققانلىقى قاتارلىق ھال-ئەھۋاللارنى ئېيتتى، قەبىلە باشلىقلىرى ئاندا-ساندا كۆرۈلۈپ قالىدىغان بۇلاڭ-تالاڭنى توسۇشقا ئامالسىز قالدى. ھۆكۈمەتكە بۇ ئادەملەرنى شىنجاڭغا قايتۇرۇۋېتىشكە تەكلىپ بەردى، ھەتتا بۇ ئادەملەرگە كېرەكلىك پۇل، ئاشلىق، چارۋا ھالىنىمۇ ئۆزلىرى چىقارماقچى بولدى. تىرىكچىلىك ئېھتىياجى بىلەن گەنسۇدىكى قازاق چارۋىچىلار 1938-يىلىدىن ئېتىبارەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۆپلەپ

چىڭخەي ئۆلكىسىگە قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا
زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلار كۈچلۈك بولغاچقا، بىر قىسىم كىشىلەر كېيىن گەنسۇغا
قايتىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى گەنسۇ ـ چىڭخەي چېگرىسىدىكى تاغلىق رايوندا
چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، تۇرمۇش يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۈل بولغان. غۇربەتـ
چىلىكتىن ئۇلار ئاندا ـ ساندا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقىمۇ مەجبۇر بولغان. بۇ ئەھۋالـ
غا قارىتا ھەربىي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەشۋىق، نەسىھەتتىن كۆرە باستۇرۇشنى
كۆپرەك يۈرگۈزگەن. 1940 ـ يىلى ياز پەسلىدە، خۇيزۇ قىسىملىرىنىڭ جىيۇچۈەندە
تۇرۇشلۇق لۇجاڭى مابۇكاڭ (100 ـ دىۋىزىيەنىڭ 287 ـ لۈيى) ئۆزىنىڭ مۇئاۋىنى
خەنجىنباۋنى يەنە بىر قېتىم تازىلاشقا ئەۋەتىدۇ. خەنجىنباۋ قىسىملىرى خۇسايىن
قەبىلىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاق، قورال ـ ياراقلىرىنىڭ ھەممىسىنى
بۇلاپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، خۇسايىن قەبىلىسى تۆگىگە مىنىپ ئوۋ قىلىش
بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخۇتۇ دېگەن يېرى ئەتراپىدا
خەنجىنباۋ قىسىملىرى بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان دېگەن نىقاب بىلەن، «قۇرئان كەرىم»
بىلەن ئالداش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئېرىسقان، زايىپ قەبىلىلىرىنىڭ قوراللىرىنى
تارتىۋالىدۇ، بىر نەچچە نەپەر باشلىقىنى قاماپ قويىدۇ. خەنجىنباۋ يەنە ئۇلارنىڭ
بارلىق ئاياللىرىنىڭ ئەسكەرلەرنىڭ شەھۋانە ئارزۇسىنى قاندۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.
دەھشەتلىك زۇلۇم، شەپقەتسىز زەربە قازاقلارنى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە
مەجبۇرلايدۇ. ئۇلار ھىلە ئىشلىتىپ ئېغىزدا ماقۇل بولىدۇ، ئاۋۋال ئاياللارغا خىزمەت
ئىشلەپ، قاراڭغۇچۈشكەندە ئاياللارنى چىقىرىپ بەرمەكچى بولىدۇ. ئۇلار جانىنى تىكىپ
نېمە كۆرسەك بىر يولىلا كۆرەيلى دەپ، بىردىنبىر ساقلىغان بىر تال تاپانچا بىلەن
ئاۋۋال قاراۋۇلنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ، كېيىن چېدىرىنىڭ ياغاچ، تاياقلىرىنى كۆتۈرۈپ
بىردەك ئېتىلىپ بېرىپ. خەنجىنباۋ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ، خەنجىنباۋنى ئۆلـ
تۈرىدۇ، نۇرغۇن قورالنى غەنىيمەت ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، قازاق چارۋىچىلار
سارىسىمچىلىقتا قالىدۇ، ئېرىسقان، زايىپلار 3000 دىن ئارتۇق ياش، ئوتتۇرا ياش
ئادەمنى باشلاپ ئاۋۋال «شىمالغا يۈرۈپ شىزاڭ ـــ شىنجاڭ چېگرىسىدىكى كوئىنلۇن
تېغىغا كىرىدۇ» . كېيىن شەرقىي جەنۇبقا يۈرۈپ گەرمۇ رايونىنىڭ جەنۇبىي
قىسمىغا كىرىپ تاڭغۇلا ئېغىزى ئارقىلىق شىزاڭغا ئۆتمەكچى بولىدۇ. شىزاڭدا ئىرلىرى
ئۇلارغا قورال تاپشۇرسا، ئات تەقدىم قىلسا ئاندىن شىزاڭغا كىرگىلى قويىدىغانلىقىنى
ئېيتىدۇ. ئۇلار بىر قىسىم قورال ـ ياراق، ئات ـ ئۇلاقلىرىنى تاپشۇرۇش ئارقىلىق قارشى
تەرەپنى قايمۇقتۇرۇپ قويۇپ، ئوت كۈچى ئارقىلىق شىزاڭغا ئۆتىدىغان چوڭ
قوشۇننى قوغدايدۇ. ئۇلار ئەندوغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، غەربكە قاراپ ماڭىدۇ.

يول بويى زاڭزۇلار بىلەن كۆپ قېتىم توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. ئۇلار بىر ياقتىن ئۇۋۇ-ئۇۋۇلاپ، بىر ياقتىن غەربكە قاراپ قارىغۇلارچە مېڭىۋېرىدۇ. يولدا زايىپ قاتتىق چار-چىغانلىقتىن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇلار ھىندىستاندا مۇسۇلمانلارنىڭ بارلى-قىنى ئاڭلاپ، دەسسەپ تۇرغۇدەك ماكانى بولمىغان ئەھۋالدا، تىرىكچىلىك يولى ئىز-دەپ شىچىۋەنخې، بارىجاسلار ئارقىلىق 1941 - يىلى كەشمىرگە يېتىپ بارىدۇ (كەشمىر ئۇ چاغدا ھىندىستاننىڭ كونتروللىقىدا ئىدى).

1942 - يىلى جۇشاۋلياڭدىن كېيىن گەنسۇ ئۆلكىسىگە ھۆكۈمدار بولغان گۇجېڭ-لۇن قازاق چارۋىچىلارنىڭ مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، «قازاقلارنى باشقۇرۇش مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قازاقلار خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىش ۋالىيسىنى تەيىنلەيدۇ. خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جى جياڭجەننى سۇجۇغا ئەۋەتىدۇ. 11 - ئايدا، گۇجېڭلۇن خېشى رايونىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ؛ 12-ئايدا 42 - جۇندىن ياڭدېلياڭ، 7 - رايون ۋالىيسى ليۇ يىچاڭلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا قازاقلارغا زىياپەت بېرىدۇ،... ھەمدە موڭغۇل، زاڭزۇ، قازاقلارنىڭ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىنى ئېچىپ، ئۇلارنى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق. يېرىم سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللەش ئارقىلىق، قازاقلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلەيدىغان بولۇشىغا مەدەت بەرمەكچى بولىدۇ.» بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ، يەنى شۇ يىلى چىڭتۇشەن تاغلىق رايونىدىن 17 نەپەر قازاق ئوقۇغۇچى غەربىي شىمال تەربىيە پولكىنىڭ چېگرا رايون ياشلار سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. ياندۇرقى يىلى 11 - ئايدا، يەنە 28 نەپەر قازاق ياش چېگرا رايون كادىرلار كۇرسىغا كىرىدۇ. ھۆكۈمەت چىڭتۇشەن تاغلىق رايونىدىكى 1005 نەپەر قازاق ئاھالىسىنىڭ ھەر بىرىگە 25 كوي پۇل، بىر جىڭدىن موما ياردەم قىلىدۇ؛ جيۇ-چۈەن، يۈمېن، ئەنشى، دۇنخۇاڭ، جاڭيې قاتارلىق بەش ناھىيىدىكى بىر قىسىم قازاق چارۋىچىلارمۇ ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، 25 كويدىن پۇل، 4 كۇرىدىن ئاشلىققا ئىگە بولىدۇ؛ دۇنخۇاڭدىكى قازاق چارۋىچىلار چارۋا بېقىشتىن سىرت، يەنە نەنخۇ دېگەن يەردە سىناق شەكلىدە تېرىقچىلىق قىلىدۇ، ئەنشىدىكى قازاق چارۋىچىلار قولىدا نەق بار يەتتە چاقتىن پايدىلىنىپ يۇڭ يىپ ئېگىرىپ تاغار توقۇيدۇ. گەرچە نۇرغۇن پىلان ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھال ئەمەلىيەتتە مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ قازاقلارنى خاتىرجەم قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قازاق چارۋىچىلارنىڭ كۆپچىلىكى تىنجلىنىدۇ، ئەمما يەنە ئاز سانلىق كىشىلەر قورال تاپشۇرمايدۇ. كىچىك دائىرىلىك بۇلاڭ - تالاڭ بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ھالەت 1949 - يىلى كۈزگىچە، يەنى كومپارتىيە گەنسۇ.

دىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئوسمان، دەلىلقانلار ماكىنىنىڭ كېيىنى ئىسىدە چىڭ ساقلاپ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تونۇماي قايمۇقۇپ. ماكىنىنىڭ يالغان سۆزىگە ئىشەنگەن باشتا ئۇلار ئۈرۈمچىنى قولغا ئالىمىزغۇ، دەپ خىيال قىلغان. ئەمما، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن زەربە يەپ قېچىپ كەتكەن. دەلىلقان بىلەن ئوسمان گەنسۇغا قېچىپ بارغان (ئوسمان گەنسۇدا قولغا ئېلىنغان)، دەلىلقان ئاز سانلىق كىشىلەرنى زورلاپ ئازادلىق ئارمىيە بىلەن قارشىلىشىپ، ئاخىر خۇسايىن قەبىلىسىگە قېچىپ بارغان. بۇ چاغدا قالىبېك، قامزالار بىر تەرەپلىمە تەشۋىقلارغا ئىشىنىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقماي ساۋەن، ماناس تاغلىق رايونىدىكى 40 — 30 ئۆيلۈك قازاق چارۋىچىنى زورلاپ تىيانشان تاغلىرىدىن ھالقىپ، قارا شەھەر، كورلا، چارقىلىقلار ئارقىلىق چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا يېتىپ بېرىپ، خۇسايىن قەبىلىسىگە قوشۇلىدۇ. دەلىلقان، قالىبېك، قامزالار ئۇ يەردە ھەر خىل ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ، كومپارتىيە قازاق مىللىتىنى، دىنىنى يوقاتماقچى، شىنجاڭدىكى قازاقلارنى كومپارتىيە ئۇنداق باستۇردى، مۇنداق قىردى دەپ ئىغۋا گەرچىلىك قىلىدۇ. خۇسايىن، سۇلتان شارىپ قاتارلىقلار بىر ياقتىن تەۋرەنسە، يەنە بىر ياقتىن دەلىلقان قاتارلىقلارنىڭ قوراللىق تەھدىتى ئارقىسىدا، نىغمەت قامىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتمەيلا 86 ئائىلە، 300 دىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ ئالدىراپلا شىزاڭ ئارقىلىق كەشمىرگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ماڭغان يولى ئېرىسقاننىڭ يولى بىلەن ئالاھازەل ئوخشاش.

(3)

ئېرىسقان باشلاپ ماڭغان 3000 دىن ئارتۇق ئادەم 1941 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شىزاڭ ئارقىلىق كەشمىرگە يېتىپ بارىدۇ. چېگرىدىن كىرىشتە، ئۇلار پۈتۈنلەي قوراللىسىزلاندۇرۇلىدۇ ھەمدە يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇيەردە ھاۋا ئىسسىق، ئوزۇقلۇق كەمچىل، ئەمگەك ئېغىر بولغانلىقتىن، يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ كېتىپ، 1000 دىن ئارتۇق ئادەم ناھەق ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمان بولغاچقا، ھىندىستاندىكى (جۈملىدىن پاكىستاندىكى) مۇسۇلمانلارنىڭ خەيرىخاھلىقىغا ئېرىشىدۇ. يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن، ئۇلار پۈتۈنلەي قويۇپ بېرىلىدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھەر بىر ئادەمگە دۆلەت تەۋەلىكى يوق كېنىشكا تارقىتىپ بېرىدۇ. مۇسۇلمان جامائەتچىلىكىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۇلارغا كەڭرەك سىياسەت قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلارغا ئازدۇر-كۆپتۇر ماددىي قۇتقۇزۇش بېرىدۇ، كىيىم- كېچەك، يېمەك - ئىچمەك تارقىتىپ بېرىدۇ.

تۇرالغۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقسىز ماشىنىدا ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى تاغلىق رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ، تۇرمۇشى يەنىلا جاپالىق ئۆتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بولسا كېرەك. «كاراچى، بومباي، يېڭى دېھلىلارغا بىر قانچە يۈز ئادەم»[1] ئېقىپ بارىدۇ. 1943 - يىلى 192 ئادەم ھىندىستاننىڭ ئوتتۇراقىسمىدىكى بۇ خارغا بېرىپ، بۇفاراۋاگىنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. يەنە بىر تۈركۈم كىشى پاكىستاننىڭ راۋالپىندى، كاراچى قاتارلىق جايلىرىدا سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ.

1944 - يىل 9 - ئايدا شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلىدۇ. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ گومىنداڭنىڭ «سەنمىنجۇيى» سىنىڭ شىڭ شىسەينىڭ «ئالتە سىياسىتى» بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭغا كېلىپلا تۈرمىلەرنى رەتلەشكە، يەرلىكنى يۆلەشكە ۋە دىپلوماتىيەنى ئىلگىرىلىتىشكە كىرىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇزۇن مۇددەت شىڭ شىسەينىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى بۇ ئىشنى قارشى ئالىدۇ. 1945 - يىل 8 - ئايدا گومىنداڭ چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتى «6 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي» ئاچىدۇ. يولۋاس قاتارلىق 31 كىشى قۇرۇلتايغا ھىندىستاندا مۇھاجىر بولۇپ تۇرىۋاتقان قازاقلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىش ھەمدە ئۇلارغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تەكلىپ سۇنىدۇ. بۇ تەكلىپنى ھىندىستاندىكى قازاقلار بەك ئالقىشلايدۇ. ئۇلار يۇرتىنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۇلار ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىدۇ. ئەينى چاغدىكى گومىنداڭ چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىغا قارىغاندا، ھىندىستان كونترۇللۇقىدىكى كەشمىردىلا 500 — 400 دىن ئارتۇق ئادەم يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە تەييارلانغان. ئەمما، ئۇ پەيتتە شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنى تېخى توختىمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، قازاق مۇھاجىرلار يۈننەن - بىرما تاشيولى ئارقىلىق شىكاڭ رايونىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشماقچىمۇ بولغان. ئەينى چاغدا گومىنداڭ بىر ياقتىن تىنچلىق مۇقامىنى ۋاقىرىسا، يەنە بىر ياقتىن پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئىچكى ئۇرۇش ئارقىلىق كومپارتىيىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىۋاتاتتى. بۇ ئىشنى قىلىش، ئەلۋەتتە ئاسانغا چۈشمەيتتى - دە!

1946 - يىلدىن تارتىپ ئۇلار ئانچە - مۇنچە دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەر ئەمگىكى بىلەن تۇرمۇشىنى قامداشقا باشلايدۇ. ئايرىم ساندىكى زادى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش

ئىقتىدارى يوقلار قۇتقۇزۇش راسخوتى ئېلىپ تۇرمۇشنى قامدايدۇ. 1947 ـ يىلى
6 ـ ئايدا، ئەنگلىيە «مېۋباتون لايىھەسى» نى ئېلان قىلىپ، ھىندىستان بىلەن پاكىس ـ
تاننى ئايرىپ ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدۇ (پاكىستان ئەسلى ئەنگلىيەگە قاراشلىق
ھىندىستاننىڭ بىر قىسمى ئىدى). دىنىي ئېتىقاد تەۋەپىلىدىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى
پاكىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونىغا ئايرىلىدۇ. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ
كۈنى پاكىستان مۇستەقىل بولىدۇ. 1951 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پاكىستان جۇڭ ـ
خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە، خۇسايىن، سۇلتان شارىپ، دەلىلقان، قالىبېك، قامىزالار ئۆز ئادەملى ـ
رىنى باشلاپ كەشمىرگە ئۆتمەكچى بولغىنىدا، ھىندىستاننىڭ چېگرا مۇداپىئە قى ـ
سىملىرى تەرىپىدىن پوتونلەي قورالسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن كەشمىرنىڭ سىلىناچا
دېگەن يېرىگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە ئېرىسقان قەبىلىسى بىلەن قوشۇلىدۇ ھەمدە
كومپارتىيە ھەققىدە ئىنتايىن بىر تەرەپلىمە تەشۋىقلارنى يۈرگۈزىدۇ. ئەينى چاغدا،
ئامېرىكىنىڭ ئىشپىيونلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كەشمىرگە بېرىپ قازاقلارنىڭ سىرتقا
قېچىش ئەھۋالىنى بورىلاپ، ھەتتا ئويدۇرۇپ، «كومپارتىيىنىڭ زوراۋانلىق سىياسى ـ
تىگە چىداپ تۇرالماي، يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ قېچىپ چىقتىسى» دەپ تەشۋىق
قىلىدۇ. «قازاقلارنىڭ قېچىش خاتىرىسى» ناملىق ئاۋازلىق فىلىم ئىشلەپ، ئۇنى جاي ـ
جايدا قويىدۇ، گېزىتلەردە ماقالا ئېلان قىلىپ، سورۇنلاردا نۇتۇق سۆزلەپ، كومپارتى ـ
يىنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكىدۇ. كەشمىردىكى كۆپلىگەن قازاق مۇھاجىرلار يېڭى جۇڭگوغا
قارىتا قاتمۇ ـ قات ئەندىشىدە بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، پاكىستان ھامىلىقىدىكى كەشمىردە
تۇرۇشلۇق ئاز سانلىق قازاق مۇھاجىرلار ۋەتەنگە قايتىش تەلىپىدە چىڭ تۇرىدۇ.
ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلىمىزنىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا بېرىپ ئەھ ـ
ۋالىنى ئىنكاس قىلىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ
تەستىقى بىلەن ئاخىرى 1953 ـ يىلى بېيجىڭ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مۇنبەت، گۈزەل
يايلىقى بارىكۆلگە قايتىپ كېلىدۇ.

كەشمىرنىڭ سىلىناچا دېگەن يېرىدە قوشۇلغاندىن كېيىن، دەلىلقان، قالىبېك،
قامىزالارنىڭ پائالىيەتچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەي ـ
لى ئۇلار بىلەن خۇسايىن، سۇلتان شارىپلار ئوتتۇرىسىدا قايتا ئىزا تۇغۇلغان. خۇسايىن
بىلەن سۇلتان شارىپ پەيدىنپەي ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىققان. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا، دەلىلقان
قاتارلىقلار گەنسۇ، چىڭخەي، شىزاڭ ئارقىلىق كەشمىرگە قېچىپ بارغان يولۋاس باشچىلى ـ
قىدىكى 90 دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن بىرلىشىپ، شۇ جايدىكى پانتۇركىست ئۇنسۇرلارنىڭ
قوللىشى ئارقىسىدا 1949 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ قارا قۇرۇم ئېغىزى ئارقى ـ

لىق كەشمىرگـە قېچىپ بارغان ئىمىن، ئـەيسا قاتارلىقلارغا قوشۇلىدۇ [27] ھەم 1950ـ
يىل 2 ـ ئايدا قۇرۇلغان «شـەرقىي تـۈركىستان مـۇھاجىرلار بىرلەشمىسى» گە ئەزا
بولۇپ، شىنجاڭنى پارچىلاشتەك جىنايى قىلمىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. بۇ خىل ھەركەتـ
لەر بـارغانسېرى كۆپ سانلىق قازاق مۇھاجىرلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ قالماستىن،
يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭمۇ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ.

قازاقلار ئۇ يەردە پانا ئىزدەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قوغدىشىنى
تەلـەپ قىلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلـەن ب د ت نىڭ «ئـەركىن جۇڭگو
قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى» ئۇلارنى ئـازدۇر ـ كۆپتۇر كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك
بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇلارغا يەنەبىر ئازيەر ـ سۇۋە چارۋا بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. گومىنداڭ
تەيۋەن ھۆكۈمىتىمۇ ئىقتىسادىي جـەھـەتتىن ئۇلارنى قوللايدۇ. ئۇلار ئاخىرى كەشـ
مىردە تـۇرغاندىن كۆرە تـۈركىيەگە كەتكەن ياخشى دېگەن ئويغا كېلىدۇ. تۈركىيە
ئىسلام دۆلىتى بولـۇپلا قـالماستىن، ئۇنىڭ خەلقىمۇ تۈركى تىلدا سۆزلىشىدۇ. يەنە
بىر جـەھەتتىن ئـالغاندا. ئۇلارنىڭ ھـەرىكەتلىرىنى يەرلىك ھۆكۈمەت ياقتۇرمىدى.
1952 ـ يىـل 8 ـ ئايـدا كەشمىرنىڭ زۇڭـلىسى ئابدۇلـلا قـولغا ئېلىنغاندىن كېيىن،
ئۇلار يـەرلىك دائىرىلىرىنىڭ قوللىشىدىن مـەھرۇم قـالدى. ھىندىستـان ھۆكۈمىتى
ئۇلارنىڭ جـۇڭگوغا قارشـى ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارا قوللاشنى خالىمىدى. شۇڭلاشقا
ئۇلار تۈركىيەگە كېتىش تـەشۋىقاتىنى باشلىدى. ئـۇلار، پـانتۈركىستلىق ئېھـتىمال
تۈركىيەدە بـازار تېپىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ خاتا مـۆلچەر قىلىشقان. سەككىز ئاي
تىرىشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەلىپى ئامېرىكىنىڭ سالاسى بىلەن تۈركىيە ھۆكۈمىتى
تەرىپىدىن تەستىقلاندى. شـۇنىڭ بىلەن ب د ت نىڭ نـامى بىلەن پاكـىستان، ئافـ
غانىستان ۋە ھىندىستانلاردا تۇرۇشلۇق مۇتلەق كۆپ ساندىكى شىنجاڭلىق مۇھاجىرلار
(بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ بار) تۈركىيەگە كۆچۈرۈلدى.

ئۇلار 1952 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلغىچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كۆچىدۇ. قازاق مۇھاجىرـ
لار ئاۋۋال كۆچىدۇ. خۇسايىن قاتارلىق 22 ئائىلە ئاۋۋال ئىسلام ئاباتتىن پويىزغا
ئولتۇرۇپ كاراچىغا بـارىدۇ. ئـۇ يەردىن پـاراخوتقـا ئـولـتۇرۇپ قىزىل دېڭىز،
سۇۋەيش قانىلى، ئوتتۇرا دېڭىز، دەردانىل بوغىزى ۋە مەرە ـ مەرە دېڭىزلىرى ئارقىلىق
تـۈركىيـەنىڭ ئىستانبۇل شـەھىرىگە يېتىپ بـارىدۇ. سـۇلتان شارىپ كېسەل بولۇپ
ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئارقىدىن ئېرىشقان قاتارلىقلارمۇ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ تۈركىيەگە يېتىپ
بارىدۇ (ئـەڭ ئاخىرىدا قېپقـالغان 20 دىن ئارتۇق ئائىلە 1960 ـ يىلنىڭ ئالدىـ
كەينىدە تـۈركىيـەگـە كۆچۈپ بـارىدۇ). شۇ چاغدا بۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 3000
دىن ئاشاتتى.

دەسلەپكى يىللاردا، ئۇلار تۈركىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسىغا تۇتاش سوغاق رايون ئانالاغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ. ئۇلارنىڭ تاماق، ياتاق ھەم ئەمگەك مەشغۇلاتلىرى يەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. 1955-يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن ئۇلارغا ئاز - پازدىن يەر، ئۆي - جاي ۋە ئەمگەك قوراللىرى بۆلۈپ بېرىلدى ھەمدە ئۇششاق تىجارەت قىلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىندى. كېيىنرەك ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى دېھقانچىلىقنى تاشلاپ سودا-سانائەتكە كىرىشتى. تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئېھتىياج سەۋەبلىك، كېيىنكى چاغلاردا ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىيە تەۋەلىكىگە ئۆتتى[29]. مۇھاجىرلار ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئىگىلىك ياراتتى ھەمدە شۇ ئەلدىكى يەرلىك خەلق بىلەن ئىناق ياشاپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. ھازىر ئۇلار ھەر قايسى ساھەلەردە بارغانسېرى مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورۇنغا ئېرىشمەكتە. ئۇلار ئاساسەن ئىستانبول، ئىزمىر، ئەنقەرە، سارى، بۇرسا، ئەسكى شەھەر ۋە قەيسېرى قاتارلىق شەھەر-يېزىلاردا تۇرىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، تۈركىيەدىكى جۇڭگولۇق قازاقلارنىڭ ۋەتىنىدىن چىقىپ كېتىش تارىخىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر مۇنداق: بىرىنچى، شېڭ شىسەينىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى، مابۇفاڭ قىسىملىرىنىڭ رەھىمسىز ئېزىشى ۋە جاھانگىر ئۇنسۇرلارنىڭ قۇترىتىشى، قايمۇقتۇرۇشى، شۇنداقلا ئىچكى قىسىمدىكى ئاز سانلىق جاھىللارنىڭ تەھدىتى؛ ئىككىنچى، ئۇلارنىڭ كومپارتىيىنىڭ سىياسىتىنى چۈشىنەلمەي، بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولغانلىقى؛ ئۈچىنچى، جۇغراپىيىۋى مۇھىت، تۇرمۇش ۋە ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق كۆپ جەھەتلىك تەسىرلەردىن ئىبارەتتۇر.

## خاتىمە

قازاقلاردا: «ئادەم تۇغۇلغان يېرىگە تەلپۈنىدۇ» دەيدىغان تەمسىل بار.

دەرۋەقە، تۈركىيەدىكى قازاق مۇھاجىرلار ئۆزىنىڭ ئانا تۇپرىقىنى ھەر مىنۇت-ھەر سېكۇنت سېغىنماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي ۋە مۇھاجىرلار سىياسىتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، تۈركىيەدىكى جۇڭگولۇق قازاقلاردىن شىنجاڭغا كېلىپ تۇغقان يوقلايدىغان، سەيلى-ساياھەت قىلىدىغانلار يىلسايىن كۆپەيمەكتە. ئۇلار جۇڭگو كومپارتىيىسىگە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قارىتا تېخىمۇ قىزغىن، سەممىي تونۇش ھاسىل قىلماقتا. تۈركىيەدە شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو - تۈركىيە دوستلۇقىغا پايدىسىز ھەرىكەتلەر بارغانسېرى ئازايماقتا.

ئۇلار جۇڭگو، تۈركىيە خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستىگە ئايلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تۆتتە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىدا سەل چاغلاشقا بولمايدىغان كۈچكە ئايلاندى.

## ئىزاھلار:

1 تۈركىيىدىكى جۇڭگولۇق قازاقلار (تۈركىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن) نىڭ سانى توغرىسىدىكى مەلۇمات بىر خىل ئەمەس. ئاپتور قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ، ھېسابلاپ ۋە تەھلىل قىلىپ مۇشۇ ساننى ئىشەنچلىك دەپ قارىدى. بۇ سان 60 - ۋە 70 - يىللاردا غەربىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەر تۈركىيىدىن ئىشچى قوبۇل قىلغاندا كېتىپ قالغان 300 - 400 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

جاڭ داجۇن: «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىل»، 4321 - ، 4322 -، 4323 -، 4327 - بەتلەر ۋە 6443 — 6445 - بەتلەرگە قاراڭ.

«ئۈچ باتۇر» چېن جوڭ، لى شياۋتيەن ۋە تاۋمىڭيۆلەرنى كۆرسىتىدۇ.

1933 - يىلى شەرقىي شىمالدىكى ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە مەغلۇب بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىنگەندىن كېيىن، سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن.

جۇدۇڭجياۋ: «شىنجاڭدا ئون يىل»، 1948 - يىل نەشرى، 22 - بەت.

گۇباۋ: «قازاقلارنىڭ گەنسۇغا كۆچۈشى ھەم شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشىدىن خاتىرە» («شىنجاڭ توغرىسىدا مەجمۇئە» نىڭ 1948 - يىل 2 - سانىغا بېسىلغان).

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى: «قىسقىچە شىنجاڭ تارىخى»، ئۈچىنچى قىسىم (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)، 1985 - يىل 3 - ئاي، 409 - بەت.

ئۇكىرتەي: باش نازارەتچى مەنىسىدە. ئەينى چاغدا قازاقلارنىڭ مەمۇرىي سىستېمىسى ۋاڭ، ئەمىن، تەيجى، ئۇكىرتەي، زالىڭ، زاڭگى قاتارلىق ئالتە دەرىجىگە ئايرىلاتتى.

بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭدا ئەللىك يىل»، 1983 - يىل، تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى نەشرى، 248 - بەت.

مالىڭباڭ: «شىنجاڭدىن گەنسۇغا بارغان قازاقلار ھەققىدە خاتىرە» («غەربىي شىمال توغرىسىدا» نىڭ 1941 - يىل، بەشىنچى توم، 4 -، 5 - ۋە

6 ـ سانلىرى).

(15) مالمگباك: «قازاقلارنىڭ گەنسۇغا بېرىشى توغرىسىدا» («غەربىي شىمال توغرىسىدا» نىڭ 1942 ـ يىل ، 10 ـ توم، 7 ـ سانى).

(16) بارىكۆلدىكى قازاقلارنىڭ ئەسلى يۇرتى ئالتاي بولۇپ، ئۇلار 1883 ـ ۋە 1889 ـ 1890 ـ، 1895 ـ ھەم 1911 ـ 1912 ـ، 1917 ـ، 1927 ـ ۋە 1933 ـ 1935 ـ يىللىرى جەمئىي يەتتە تۈركۈم بولۇپ كۆچۈپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن مەجبۇرىي قايتۇرۇلغان، شۇنداقتىمۇ تەخمىنەن 4500 ئۆيلۈك ئادەم شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان.

(17) سۇن فۇ: «زوراۋانلىق ۋە تەھدىت ئاستىدىكى يېڭى ئۆلكە مۇسۇلمانلىرى ــ قازاقلارنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇشى» («تۇجۈ»، 1937 ـ يىل، 4 ـ توم، 3 ـ، 4 ـ سانلىرى).

(18) ۋاڭ رېننەن: «گەنسۇغا يېڭىدىن قوشۇلغان مىللەت ــ قازاق» («گەنسۇ گېزىتى» نىڭ 1940 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ، 13 ـ كۈندىكى سانلىرىنىڭ ئۈچىنچى بېتىگە قاراڭ).

(19) گوشۇنەن: «قازاقلار ئۇستىدىكى تەتقىقات ھەم ئۇلارنىڭ گەنسۇغا كۆچىشىنىڭ جەريانى» («جۇڭگو چېگرا رايونلىرى»، 1942 ـ يىل، تۇنجى سانى).

(20) مالمگباك: «قازاقلارنىڭ گەنسۇغا بېرىشى توغرىسىدا» («يېڭى غەربىي شىمال»، 1944 ـ يىل، 7 ـ توم، 2 ـ 5 ـ سانلىرى).

(21) ئاپتور مۇشۇ ۋەقەنى بېشىدىن كەچۈرگەن نىغمەتنىڭ ئەسلىمىسىدىن يېزىلغان خاتىرىسىگە بىنائەن رەتلىگەن.

(22) لاتىپ: «مەن بىلىدىغان ئوسمان» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۈچىنچى كىتاب، 113 ـ بەت).

(23) ئىمىن: تولۇق ئىسمى مەھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئۇيغۇر، شىنجاڭ قاراقاش ناھىيىسىدىن، 1898 ـ يىلى تۇغۇلغان، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مەخسۇس خادىمى، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق فىرونتى» نىڭ رەئىسى، 1964 ـ يىلى تۈركىيەدە كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

ئەيسا: تولۇق ئىسمى ئەيسا ئالىپ تېكىن، ئۇيغۇر، شىنجاڭ يېڭىسارلىق، 1907 ـ يىلى تۇغۇلغان، گومىنداڭ ھەربىي كومىتېتى سەنمۇ بۇسىنىڭ مەخسۇس خادىمى،

مەملىكەتلىك قانۇن چىقىرىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى، «شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى بولغان، ئۇ ھازىر تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە.

(28) بۇ سان، بىر جەھەتتىن مۇشۇ ۋەقەنى باشتىن كەچۈرگەنلەرنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن، يەنە بىر جەھەتتىن، مۆلچەر ئارقىلىق بېكىتىلگەن. يەنى، بىرىنچى تۈركۈمدىكى مۇھاجىرلاردىن 1000 ئادەم ئۆلۈپ 2000 ى قېپقالغان. ئەمما كېيىنكى ئۇن نەچچە يىلدا داۋاملىق كۆپەيگەن. قازاقلارنىڭ تۇغۇت نىسبىتى چوڭراق، ئادەتتە بىر ئائىلىنىڭ ئالتە، يەتتە پەرزەنت كۆرۈشى ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككىنچى تۈركۈمدە بارغان 300 ئادەم يەنە ئۇلارغا قوشۇلغان. شۇڭا، ئومۇمىي سان 3000 دەپ بېكىتىلدى. دېمەك، ئەسلىمە بىلەن مۆلچەر بىر - بىرىگە ئۇيغۇن.

(29) ئايرىم كىشىلەر گومىنداڭ تەيۋەن ھۆكۈمىتى بىلەن تۈركىيىنىڭ پاسپورتىغا ئىگە بولۇۋېلىپ، تەيۋەن بىلەن تۈركىيە ئارىلىقىدا قاتىراپ يۈرگەن ئىدى. لېكىن 1955 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن ھىندونېزىيە تۈزگەن «پۇقرالارنىڭ قوش دۆلەت تەۋەلىك مەسىلىسى ھەققىدە كېلىشىم» نىڭ پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى تۈركىيە تەۋەلىكىگە كىرگەن بولسا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىقىدىن ئۆزلىكىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: تاھىرجان مۇھەممەت